# باھاردا يېزا - كەنتلەرنىڭ كەيپىياتى يېڭىلاندى

(بېشى 1- بەتتە)

لى چياڭ گۇچۇڭ ناھىيەسى فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ 10 مىڭ مولۇق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئورگانىك ئېتىراپنامە ئېلىشنى تاماملىدى، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ھەر كىلوگرام ئورگانىك ئۇننىڭ بازار باھاسى 20 يۈەنگە يېتىپ، ئۈنۈمى ئادەتتىكى ئۇننىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى، بازار ئىستىقبالى پارلاق. «بۇ يىل ئورگانىك بۇغداينى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپى بويىچە، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى داۋاملىق ئاشۇرىمىز» لى چياڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يۇقىرى سۈپەتلىك بۇغداي تېرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون سېلىن تەركىبى مول، ئورگانىك، چىلك تالالىق بۇغداينى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە داڭلىق ماركىلىق رېتسىپلىق ئۇننى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ خىل تېرىقچىلىق تېخنىكا مەشغۇلات قائىدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە ئاساس سالدى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش تەپەككۇرى بويىچە ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنىدا پاختا يىغىش كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئاشتى. سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنە بىر يېڭى بالداققا كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسلىق ئورنىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى بىخەتەر ناھىيە بەرپا قىلىشنى سىجىل قانات يايدۇردى، كۆكتات، چارۋا - ئۆي قۇشلىرى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيەدە مۇقىم تۇردى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلىش ئاساسى يەنىمۇ پۇختىلاندى.

## ■ گۈزەل يېزا - كەنتلەر بەرپا قىلىنىپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ياخشىلاندى

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، قورغاس ناھىيەسىنىڭ سەندىخوزا يېزىسى تارچى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ما سۈيلەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل، بىز يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى داۋاملىق گۈزەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى كەنتكە كېلىپ دېھقانلار مەدەنىيىتىنى ھېس قىلىشقا جەلپ قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىمىز».

ما سۈيلەن مۇنداق دېدى: مۇشۇ يىللاردا، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلىيلىشىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن كەنت ئاھالىلىرى ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، تارچى كەنتىنىڭ كەنت قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىمۇ يېڭىلاندى، كۆپچىلىكنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش، قول تۇتۇشۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى.

يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، گۈزەل، ياشاشقا باب كېلىدىغان يېزا - كەنت قۇرۇش يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە. بۇ ئىككى يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، ھەمكارلىشىپ ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىدە ياخشى باشلىنىشنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 53.39% مەمۇرىي كەنتنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرى يىغىۋېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى، 61.24% يېزا - بازار ئەخلەتنى يۆتكەپ توشۇش ئەسلىھەسى ئورناتتى، 53.7% دېھقان ئائىلىسى ھاجەتخانىسىنى ئۆزگەرتتى، 13.8% مەمۇرىي كەنت شەھەر - بازارلارنىڭ يۇندى باشقۇرۇش تورىغا كىرگۈزۈلدى ياكى تۇرمۇش يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى ئورناتتى، يېزىلاردىكى يۇندىنى قالايمىقان چىقىرىش، قالايمىقان تۆكۈش قاتارلىق مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايون «1000 كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، 10 مىڭ كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشى بويىچە 2019 - 2020 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش لايىھەسىنى تۈزدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مۇھىت پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇشنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ، «1000 كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، 10 مىڭ كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشىنى پەلەمپەيسىمان ئالغا سىلجىتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردە ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش، ھويلا - ئاران مۇھىتىنى تۈزەش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش، بۇلغىما چىقىرىش، ئەخلەتلەرنى تازىلاش، لاتقا تازىلاشتىن ئىبارەت ئالتە ئىشنى ياخشى قىلىپ، دېھقانلارنىڭ پاكىز ھاجەتخانىسى بولۇش، ھويلا - ئارانلىرى پاكىز، رەتلىك بولۇش قاتارلىق نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، 1000 مەمۇرىي كەنتنى تاللاپ «1000 كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش»نى قانات يايدۇردى، نۇقتىلىق ھالدا كەنت ئۇل ئەسلىھەسى، ئاممىۋى مۇلازىمەت، يوللارنى قاتناشتۇرۇش، يۇندى، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەنە ئاساسىي شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان 100 كەنتنى تاللاپ، يېزا - كەنت ئىستىراھەت ساياھەتچىلىكى قاتارلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئولتۇراقلىشىشقا، ساياھەتكە، ئىشقا ئورۇنلىشىش - ئىگىلىك تىكلەشكە باب كېلىدىغان دېھقانلارنىڭ بەختلىك يۇرت - ماكانى ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىستىراھەت گۈلىستانى بەرپا قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

## ■ ئىسلاھات چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ساۋەن ناھىيەسىنىڭ داچۈەن يېزىسى شۇاڭچۈەن دېھقانلار يەر پاي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى خې خۇڭتاۋ ئەتىگەندىلا ئېتىز بېشىغا كەلدى. بىرنەچچە چوڭ تىپتىكى سېيالكا ئىشقا كىرىشىپ، ئاستا - ئاستا ئېتىزلىققا ھەيدەپ كىرىلىپ، كۆز يەتكۈسىز سالا ئېتىزلار ئىچىدە تۈپتۈز ئىلگىرىلەپ، سولياۋ يوپۇق يېپىش، ئۇرۇق سېلىش خىزمىتىنى بىر قېتىمدىلا تاماملىدى، بىر سېيالكا بىر كۈندە 140 مو يەرگە كېۋەز تېرىش خىزمىتىنى تاماملىيالايدۇ. خې خۇڭتاۋ مۇنداق دېدى: بىر ھەپتە ۋاقىتتا ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز 40 مىڭ مو يەرگە ئۇرۇق سېلىش پىلانىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىيالايدۇ.

خې خۇڭتاۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىدىن نەپ ئالغاچقا، 2018 - يىلى، شۇاڭچۈەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېۋەز مو بېشى كىرىمى 1100 يۈەنگە يېتىپ، 2017 - يىلدىكىدىن 7% ئاشتى.

ئىسلاھات - تەرەققىياتنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولغىنى يالغۇز پاختىكارلارلا ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا يەرلىرىنى ھۆددىگە بېرىش، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېكىتىش، تىزىملاش، كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون 35 مىليون مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەرنى ئەمەلىي ئۆلچەشنى تاماملىدى، يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى، مۇقىم ھۆددىگە بېرىش ھوقۇقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قويۇپ بېرىپ، ھۆددىگە ئالغان يەرنى ئوبوروت قىلىش ۋە رەنىگە قويۇش قاتارلىق ھوقۇق ۋە فۇنكسىيەنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكتە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىك قەدىمىنى تېزلەتتى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «يېزا يەرلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تەرتىپلىك ئوبوروت قىلىشقا يەنىمۇ يېتەكچىلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقاتتى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، «يېزا يېرىنى يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىش»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىدىكى ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق كۆلەم شەكىللەندۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىلەندۈرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# «1 - ماي»لىق دەم ئېلىشتا شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى قىزىپ كەتتى

(بېشى 1- بەتتە)

ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش نۇرغۇن ساياھەتچىنىڭ ئالدىن تاللىشىغا ئايلاندى. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شېنجېن، خۇنەن، لياۋنىڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 20 نەچچە ئۆي ئاپتوموبىلى قومۇل شەھىرىنىڭ ئېۋىرغول رايونىدىن يولغا چىقىپ، 2 - نۆۋەتلىك «ئۆي ئاپتوموبىلى بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. پىچان ناھىيەسى قۇمتاغ مەنزىرە رايونى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىدىغان نۇرغۇن ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. قۇمتاغقا يامىشىش، تۆگە مىنىش، قۇم تېپىلىش، قۇملۇق دالىدا قونۇش ساياھەتچىلەرنى قۇملۇقتا قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە، مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 60 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشىپ، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئومۇمىي كىرىم 1 مىليون 450 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 278.88%، 113.33% ئاشتى.

چېچەك سەيلىسى ئىستىراھەت ساياھىتى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. بورتالا شەھىرىدىكى 10 مىڭ مولۇق تاشئالما ئېكولوگىيەلىك باغچىسىدىكى ھۇپپىدە پورەكلەپ ئېچىلغان تاشئالما چېچەكلىرىگە يىراقتىن نەزەر سالغاندا كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بورتالا شەھىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تاشئالما مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ سۈنئىي تاشئالما ئورمانلىقىدا ئۆتكۈزۈلدى. مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئويۇنلىرى، ھۆسنخەت، رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، تاشئالما پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى، بورتالا سوۋغات كۆرگەزمىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەر نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئامما ۋە ساياھەتچىلەرنى تاماشا قىلىش ۋە ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى.

ۋۇجياچۈ چىڭگېداخۇ كۆلى ساياھەت مەنزىرە رايونىدىكى 1 مىليون 800 مىڭ تۈپ ھەرخىل رەڭدە ئېچىلغان كۆركۆمگۈلى بىر پارچە گۈل دېڭىزىنى شەكىللەندۈرۈپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. «ھەر يىلى مەن مۇشۇ پەسىلدە كۆركۆمگۈلنى كۆرگىلى كېلىمەن، كۆركۆمگۈلنىڭ رەڭگى ۋە سورتى بارغانسېرى موللىشىپ، ساياھەتچىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىپتۇ» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى جيا خې.

بىڭتۈەن 12 - شىسى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ «ياشىن گۈل دېڭىزى» باش تېمىسىدىكى شادلىق باغچىسىدا، لوياڭدىن كىرگۈزۈلگەن سەككىز چوڭ رەڭ سىستېمىسىدىكى 30 مىڭ تۈپ مودەنگۈل پورەكلەپ ئېچىلغاندى. باغچە ئىچىدە ئۆستۈرۈلگەن لۇبىڭ گۈلى، كۆركۆمگۈلى، چوغلۇق، مۇز جۇخار قاتارلىق 40 نەچچە خىلدىن ئارتۇق مەنزىرە گۈل - گىياھلىرى بەس - بەستە ئېچىلىپ، كىشىلەرنى گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىشقا جەلپ قىلدى.

ھەرقايسى جايلاردىكى مول مەزمۇنلۇق ساياھەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك لوپنۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت كاۋاپ بايرىمى لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونى ۋە داشى كەنتىدىكى نان سودا كوچىسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى. بايرام باشلانغان كۈنى لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن قەدىمىي ئۇسۇلدا بېلىق كاۋىپى پىشۇرۇش، قولۋاق ھەيدەش مۇسابىقىسى، قۇملۇقتا بېلىق تۇتۇش، قۇملۇقتا گۆھەر ئىزدەش، «قۇملۇق كېچىسى» مۇزىكا شادلىقى كېچىلىكى قاتارلىق پائالىيەتلەر 7000دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى مەنزىرە رايونىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ ئويناشقا ۋە نازۇنېمەتلەرنى تېتىشقا جەلپ قىلدى. بايرام مەزگىلىدىكى تۆت كۈندە، لوپنۇر ناھىيەسى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 160 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 18 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى «يىپەك يولىدىكى بۇلاق شەھىرى . ئۈچتۇرپاندا كۈتۈنۈش» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش مەدەنىيەت ساياھىتى بايرىمى ئۆتكۈزدى، بۇ مەزگىلدە، يەنچۈەنخې مەنزىرە رايونى ۋە جىغدىلىق مەنزىرە رايونىدا پىيادە مېڭىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇش، نازۇنېمەتلەر كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. «1 - ماي» بايرىمى مەزگىلىدە، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 52 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 6 مىليون 277 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى: «تىيانشاندىن كەلگەن مېھمان» ساياھەتچىلەرنى باشلاپ زامان - ماكاندىن ھالقىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن ساياھەتچى ھاياجانلانغان ھالدا: «بۇ شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى ئىكەن، تېز بولۇڭلار، كىرىپ ئايلىنىپ چىقايلى!» دەپ دوستلىرىنى چاقىرىشاتتى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىن 40 مىڭ تۈپكە يېقىن دەرەخ، چاتقال، گۈل - گىياھ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. قىز - يىگىتلەر كۆرگەزمە باغچىسىدا ئۇسسۇل ئوينىۋاتاتتى، ساياھەتچىلەر ناخشا ئاۋازى چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى. بۇنداق چاغدا ما جىشىن دائىم كۈلۈمسىرىگىنىچە ساياھەتچىلەرنى كۆزىتەتتى. «شىنجاڭ باغچىسىنى سەيلە قىلغاندا، كۆڭۈل قويسىڭىزلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىيالايسىز.» 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونىنىڭ بۇ ئالدىنقى سەپ مەسئۇلى مۇنداق دېدى: «بۇ باغچىدا نۇرغۇن مەزمۇنلار بار».

«شىنجاڭ زال سىرتى كۆرگەزمە باغچىسى يىپەك يولى باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى كۈچەپ نامايان قىلدى» دېدى ما جىشىن دەرۋازا ئالدىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭ، ئۇ سىلىتسىيلاشقان ياغاچ يىراق قەدىمكى زاماندىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ‹جەۋھىرى›، ساياھەتچىلەر كۆرگەزمە باغچىسىغا كىرىپ ئەمەلىيەتتە يىراق قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرغىچە بولغان ئۆسۈملۈك ۋە باغۋەنچىلىككە ئائىت ۋاقىت ساياھىتى قىلىدۇ».

«تىيانشاندىن كەلگەن مېھمان» دېگەن تۆت چوڭ خەت ئويۇلغان سىلىتسىيلاشقان ياغاچنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە، جىمجىتقىنە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆرمىڭ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن غولىنى سىلايتتى، شىنجاڭغا كېلىپ باققان بەزى كىشىلەر: «بۇ دەرەخ مىڭ يىلغىچە قۇرۇپ كەتمەيدۇ، قۇرۇپ كەتسىمۇ مىڭ يىلغىچە يىقىلمايدۇ، يىقىلسىمۇ مىڭ يىلغىچە چىرىمايدۇ» دەپ پىچىرلىشاتتى.

ئەمما، باشنى كۆتۈرگەندە، قويۇق ھاياتلىق پۇرىقىنى سەزگىلى بولاتتى. پۈتكۈل شىنجاڭ زال سىرتى كۆرگەزمە رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 70%كە يېتىدۇ. توغراق بىلەن بىللە شىنجاڭ تېرىكى، تىيانشان شەمشادى، كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، يۈلغۈن قاتارلىق نۇرغۇن دەرەخ تۈرلىرى ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئاسمان بىلەن بويى تالىشىپ ئۆسكەن تېرەك، يوپۇرماقلىرى ياشىرىپ تۇرغان شەمشاد، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يۈلغۈن، شاخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ئەرمۇدۇن مىڭ يىللىق توغراق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. «بۇ دەرەخ تۈرلىرى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بوستانلىقنى قوغدايدىغان مۇھىم توسۇققا ئايلانغان.» ما جىشىن مۇنداق دېدى: «ئۇلارغا قارىسىڭىز، ھازىرقى شىنجاڭنى كۆرگەندەك بولىسىز».

ۋاقىت قەدەمگە ئەگىشىپ توختىماي ئىلگىرىلەپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئالما، ياڭاق، نەشپۈت قاتارلىق ئۆزگىچە مېۋىلىك دەرەخلەر تارقاق جايلاشقان. «شىنجاڭنىڭ نامايان قىلغىنى يىپەك يولى باغۋەنچىلىكى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى يېزا ئىگىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدا. ھەر يىلى ئەتىياز كىرگەندىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئاۋۋال ئۆرۈك چېچىكىنى تاماشا قىلالايسىز، ئارقىدىنلا نەشپۈتمۇ چېچەكلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئالما چېچەكلەيدۇ، 22 مىليون مو يەردىكى خاس مېۋىلىك دەرەخلەر كىشىلەرگە ئۈزلۈكسىز گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ.» ما جىشىن مۇنداق دېدى: «ئۇ گۈزەللىك ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە بايلىقمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ھازىر باغ - ئورمانچىلىق شىنجاڭنىڭ مۇھىم خاس كەسپى بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلاردا باغ - ئورمانچىلىق كىرىمى ھەتتا شۇ جايدىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ 50%ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى».

بۈك - باراقسان ئۆسكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئايلىنىپ ئۆتكەندە، يېڭى ئۆسكەن توغراق نوتىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇلار شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا دەريا - ئېقىنلار سۈزۈكلىشىۋاتىدۇ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، تەبىئىي ئورمانلار كەڭ كۆلەمدە ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، سۇلۇق يەر كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ، بىپايان زېمىندا ھاياتلىق كۈچى ئۇرغۇۋاتىدۇ. «تاشقاتمىدىن يۇمران كۆچەتكىچە، كىشىلەر ھاياتلىق كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.» ما جىشىن مۇنداق دېدى: «چىقىش ئېغىزىغا بىر نەپىس ئۈزۈم كارىدورى ياسىدۇق. شىنجاڭدا كىشىلەر ئەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ياز كۈنلىرى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتۇر، مانا بۇ بەخت - سائادەتنىڭ ئۆزى».

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 11گىچە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 330 مىڭغا يېقىن ساياھەتچى دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى باغچە رايونىغا كىردى، شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى پايدىلىق ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو سارىيىنىڭ يېنىدىكى گۈللۈك ئالدىدا، ئوخشاش بولمىغان ئىرقتىكى، ئوخشاش بولمىغان تىلدىكى، ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇزدىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى. «تىيانشاندىن كەلگەن مېھمان» چەكسىز يىللارنى ئازادە بىر چىغىر يولغا مۇجەسسەملەپ، كىشىلەرنى گۈزەل مەنزىرىگە باشلاپ كىرىپ، ۋاقىت ساياھىتىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇۋاتاتتى.